# ۋەزىيەتكە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلايلى

— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالپاقنى ئېلىۋېتىش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.» مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «بىزنىڭ مەغرۇرلىنىپ ئۆز - ئۆزىمىزدىن قانائەتلىنىشكە، بوشىشىپ توختاپ قېلىشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق، جەزمەن ۋەزىيەتكە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك»، كەڭ كادىرلار، ئاممىنى ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تولۇق قوراللىنىپ جەڭگە ئاتلىنىشقا، باتۇرلۇق بىلەن يېڭى تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك، بۇ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك يۆتكىلىشى. ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ ئاتلىنىدىغان تارىخىي ئۆتكەلدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېزلىتىش چوڭ ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور مەسىلە. بىر تەرەپتىن، بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، نەتىجە - ئۈنۈمنى تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىشىمىز كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ياخشى قىلىپ، يېزا - كەنتلەردىكى كەسىپ، ئىختىساسلىقلار، مەدەنىيەت، ئېكولوگىيە، تەشكىلات قاتارلىقلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. جەزمەن شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ۋەزىپە، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كەڭلىكى، قىيىنلىق دەرىجىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن قېلىشمايدۇ، سىياسەت سىستېمىسى، خىزمەت سىستېمىسى، تۈزۈم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر بىلەن تېخىمۇ قۇدرەتلىك كۈچ توپلاپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشقا، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىشى، دېھقانلارنىڭ باي - باياشات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئورتاق بېيىش سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق تەقەززاسى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسى پارتىيەمىزنىڭ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا مەزمۇت چوڭ قەدەم تاشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، شەھەر - يېزىلارنىڭ رايون تەرەققىيات پەرقىنى كىچىكلىتىش، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا يەنىلا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. دەل باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكىتلىگەندەك «ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە، بىز جەزمەن ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، قەدەمنى پۇختا ئېلىپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن تېخىمۇ پائال نەتىجە ياراتىدىغان تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەختىيارلىق تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ كاپالەتلىك، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىشىمىز كېرەك.» ھەممىدە خەلقنى كۆزلەش، ھەممىدە خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر خەلقنى قەلبىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئورنىغا قويۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۈرەش نىشانى قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن پۈتۈن خەلققە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپ يەتكۈزۈشكە تۈرتكە بولغاندىلا، ئاندىن ئورتاق بېيىشتا تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.

يول ئۇزۇن، كۈرەش داۋاملىشىدۇ. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈرەش تارىخى، يېڭى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات تارىخى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيلىك تارىخىدا ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز جەزمەن شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، بۇ پەقەت بىزنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشكە ئاتلىنىشىمىزدىكى ئاچقۇچلۇق بىر قەدەم، بىز مەغرۇرلىنىپ ئۆز - ئۆزىمىزدىن قانائەتلىنىپ قالساق، بىر ئىزدا توختاپ قالساق قەتئىي بولمايدۇ. بۇ يىل بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەيمىز، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزىمىز ۋە يولغا قويىمىز، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايمىز. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىن زامانىۋىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشقىچە، يەنە ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشقىچە بولغان جەريان يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تەرەققىياتىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تارىخىي چوڭ ۋەزىيەت، بۇ بىزنىڭ شەرەپلىك بۇرچىمىز ۋە مۇقەددەس مەسئۇلىيىتىمىز. تاغ ھەر قانچە ئېگىز بولسىمۇ، يۇقىرىغا ياماشساقلا، ھامان چوققىسىغا چىقالايمىز؛ يول ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، ماڭساقلا چوقۇم مەنزىلگە يېتەلەيمىز. داۋاملىق كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، داۋاملىق جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىسەكلا، بىز چوقۇم ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى بارلىق جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلىيەلەيمىز.

«سۇمۇرغ ئۇچار ھامان بىر كۈن شوخ شامالغا جور بولۇپ، پەرۋاز قىلار ئاسماندا ھەيۋەت بىلەن قانات قېقىپ.» ئۆتكەننى ئەسلىسەك، بىز جۇڭخۇا مىللىتىنى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئۇلۇغ تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈردۇق، ئىنسانلارنىڭ نامراتلار سانىنى ئازايتىش تارىخىدا مۆجىزىلەر ياراتتۇق. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، يېڭى، تېخىمۇ زور مۆجىزە بىزنىڭ تىرىشىپ يارىتىشىمىزغا موھتاج، يېڭى، تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى بىز چوقۇم قولغا كەلتۈرەلەيمىز. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىشەنچ، ئىرادىنى چىڭىتىپ، مەڭگۈ بوشاشمايدىغان روھىي ھالەت، توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش ھالىتى بىلەن، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 - بەتتە)

چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا ئىشنى ياخشى باشلىشى، قەدەمنى ياخشى ئېلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەركەزنىڭ ئىسلاھات خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان تۈرلۈك ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى تاماملاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇش، يۇغۇرۇپ تۇتاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلار ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە تۈرتكە بولۇشتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مۇھىم، زور ئىسلاھاتلارنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، پائال ئىزدىنىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى ئەڭ زور چەكتە قوزغىتىپ، نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق دائىرىنى كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، ۋەزىپە تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسى ۋەزىپە تەقسىماتىنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ھەيدەكچىلىك قىلىپ بېجىرىش، ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئىسلاھاتتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت (پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى باشتىن - ئاخىر ئىسلاھاتنى قولدا چىڭ تۇتۇشى، پارتىيە كومىتېت (پارتىيە گۇرۇپپا) شۇجىلىرى بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىپ، دەرىجىمۇدەرىجە تۇتۇپ، مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇقاتلام چىڭىتىشى كېرەك؛ ھەرقايسى مەخسۇس گۇرۇپپىلار ئۆز ساھەسىدىكى ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك؛ تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىپ، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى چوڭقۇر يېشىپ چۈشەندۈرۈپ، ئىسلاھات نەتىجە - ئۈنۈمىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇساجان نۇردۇن لاچىن بايەكەنىڭ قەشقەر داشۆسىدە تەربىيەلىنىۋاتقان مەزگىلىدىكى ياتاقدىشى، 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، لاچىن بايەكە بىلەن بىرلىكتە ئادەم قۇتقۇزغان.

«مەن دائىم شۇ چاغدىكى كۆرۈنۈشنى چۈشەپ قالىمەن، ئۇ مۇزدەك سۇ ئىچىدە تۇرۇپ ماڭا ‹يېقىن كەلمە، مۇز نېپىز!› ‹بالىنى قۇتقۇز، ئالدى بىلەن بالىنى قۇتقۇزغىن!›» دەپ ئۈنلۈك توۋلىغانىدى. 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، مۇساجان نۇردۇن ئاشۇ چاغدىكى كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان چۈش ۋاقتىنى ئەسلەپ، كۆز چاناقلىرى ياشتىن قىزاردى.

گەرچە لاچىن بايەكەنىڭ نەسھەتىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن ھالقىلىق جىددىي پەيتتە، مۇساجان نۇردۇن ئانچە كۆپ ئويلاپ ئولتۇرمايلا، جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندى. قۇتقۇزۇش داۋامىدا، ئۇمۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن مۇزدەك سۇغا چۈشۈپ كەتتى. ئەينى چاغدىكى سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇقنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ تېنى ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى.

«سۇغا چۈشۈپ كەتكەن شۇ دەقىقىدە، كاللام قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى. خۇددى سانسىزلىغان يىڭنە تېرەمگە سانجىلغاندەك ھېس قىلدىم، ئاندىن پۈتۈن بەدىنىم ئۇيۇشۇپ قالدى.» مۇساجان نۇردۇن ھەسرەتلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: لاچىن بايەكە سۇ ئۈزۈشنى بىلمىسىمۇ، لېكىن مۇزدەك سۇدا بالىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق ئۇزاق ۋاقىت بەرداشلىق بەردى، ئۇنىڭ قانداق بەرداشلىق بەرگەنلىكىنى راستىنلا بىلمىدىم.

لاچىن بايەكە تەڭداشسىز مۇستەھكەم غەيرىتى، ئادەتتىن تاشقىرى ئىرادىسى بىلەن، بالىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئارقىلىق چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزدى. قەھرىماننىڭ بۇ ھەرىكىتى خۇددى جاراڭلىق ئېيتىلغان مەردانە ناخشىغا ئوخشاش پەلەكتە ياڭرىدى.

ما يەن لاچىن بايەكەنىڭ قەشقەر داشۆسىدە تەربىيەلىنىۋاتقان مەزگىلىدىكى ئوقۇتقۇچىسى. «ئۇ ھەمىشە بىرىنچى بولۇپ سىنىپقا كېلىپ، تازىلىق قىلىپ، دوسكا سۈرتەتتى، ناھايىتى قېتىرقىنىپ ئۆگىنەتتى.» ما يەن تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «لاچىن بايەكە گەرچە مېنىڭ ئوقۇغۇچىم بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ كىشىلىك ھاياتىمدىكى ئۇستازىم، ئۆگىنىش ئۈلگەم».

لاچىن بايەكە ئىلگىرى چارلىغان چېگرا لىنىيەسىدە، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى تىزناپ چېگرا ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى ئابدۇجانى لۇنجەك خىزمەتداشلىرى بىلەن لاچىن بايەكە چېگرا چارلاشتا ئىشلەتكەن دۇربۇننى بۇ يەردە قالدۇرۇپ قويدى، دۇربۇننى تاش بىلەن بېسىپ، كامېرانى تىزناپ كەنتى تەرەپكە قارىتىپ، قەھرىماننىڭ ھەر كۈنى يۇرتىنى، ۋەتىنىنىڭ تاغ - دەريالىرىنى كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلدى.

«ئۇ مەن قىسىمدىكى ۋاقتىمدا ھالىمدىن خەۋەر ئالغان ‹پېشقەدەم بەنجاڭ›، خىزمەت جەريانىدا مېنى باشلاپ چېگرا چارلىغان ‹يول باشلىغۇچى›». ئابدۇجانى لۇنجەك ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «مەن ئۇنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىممەمگە ئېلىپ، داۋاملىق ۋەتەننىڭ چېگرا لىنىيەسىنى ياخشى قوغدايمەن، يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايمەن».

## ئۈچ ئەۋلاد چېگرانى قوغداش ساداقەتمەنلىكنى پۈتۈش

قەھرىمان شەھەردىن قەھرىمان چىقتى. قەھرىماننىڭ دۇنياغا كېلىشى ئەزەلدىن تاسادىپىي بولغان ئەمەس.

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، قونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىيەنى قۇرۇلۇپ، قاراۋۇلخانا دېڭىز يۈزىدىن 4300 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پامىر ئېگىزلىكىدە تەسىس قىلىندى.

بۇ يەرنىڭ تاغ يوللىرى ئەگرى - بۈگرى، تەبىئىي مۇھىتى ئىنتايىن ناچار. لاچىن بايەكەنىڭ بوۋىسى كەلدىبەك دىلدار قونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىيەنىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە يول باشلاپ بېرىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بىر ئائىلىدىكى ئۈچ ئەۋلاد كىشىنىڭ 70 يىلدىن ئارتۇق چېگرانى قوغداش ھېكايىسى باشلانغان.

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن 23 يىل ئۆتۈپ كەتتى. كەلدىبەك دىلدار ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى باشلاپ قونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىنىيەسىدىكى ھەربىر دەريا - جىلغا، ھەربىر تاغ ئېغىزى، ھەربىر پارچە چېگرا تېشىنى ئايلىنىپ چىقىپ، تاماقتا، يېتىپ - قوپۇشتا بىللە بولۇپ، مىڭلىغان جاپا - مۇشەققەت ۋە خەۋپ - خەتەرلەرنى بىللە باشتىن كەچۈرۈپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى.

«چېگرا بەلگىسىنى بىر مىللىمېتىرمۇ يۆتكەشكە بولمايدۇ.» 1972 - يىلى، كەلدىبەك دىلدار ماغدۇرىدىن قالدى، ئۇ لاچىن بايەكەنىڭ دادىسى بايەكە كەلدىبەكنى يېنىغا چاقىرىپ: «چېگرانى ياخشى قوغداش ۋەزىپىسىنى بۈگۈندىن كېيىن ساڭا تاپشۇردۇم» دەپ تاپىلىدى.

بىر كىگىز ئۆي بىر قاراۋۇلخانا، بىر چارۋىچىنىڭ ئۆزى بىر قاراۋۇل. بايەكە كەلدىبەك قوتازغا مىنىپ، «ئائىلە نەسھەتى»نى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، چېگرا لىنىيەسىنى كېزىپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر بىلەن بىللە مۇزلۇقلارغا يامىشىپ، قارلىقلاردا ئۆمىلەپ، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىپ چارلىدى، شۇ ئىشلىگىنىچە يەنە 38 يىل ئۆتۈپ كەتتى.

لاچىن بايەكە كىچىكىدىن تارتىپلا دادىسىغا ئەگىشىپ چېگرا مۇداپىئە لىنىيەسىدە چوڭ بولدى. چارلاش يولىدا دادىسى ھەمىشە ئۇنىڭغا بوۋىسىنىڭ چېگرانى چارلاش ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى. بۇنى ئاڭلىغان گۆدەك لاچىن بايەكەنىڭ ئىككى كۆزى نۇرلىنىپ كېتەتتى، بىر تال ئۇرۇق بۇ گۆدەك بالىنىڭ قەلبىگە سېلىندى — «چوڭ بولغاندىن كېيىن بوۋام ۋە دادامغا ئوخشاش دۆلەت ئۈچۈن چېگرانى قوغدايمەن».

2004 - يىلى 8 - ئايدا ئەمدىلا قىسمىدىن ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن لاچىن بايەكە دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئائىلىسىدىكى 3 - ئەۋلاد چېگرا قوغدىغۇچى بولدى. شۇ يىلى ئۇ شەرەپ بىلەن پارتىيەگە كىردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى — بىر مۇنەۋۋەر چېگرا قوغدىغۇچى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىدا يازغانغا ئوخشاش «قۇربىمنىڭ يېتىشىچە خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىمەن».

چارلاش يولىدا لاچىن بايەكە ھەمىشە ئالدىدا مېڭىپ يول ئىزدەيتتى، كۆپ يىللىق تەجرىبىسىگە ئاساسەن، كۆپ قېتىم ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ خەۋپ - خەتەرنى تۈگىتىشىگە ياردەم بەردى.

«چارلاش يولىدا بىز ھەر قېتىم مۇزدەك دەريا سۈيىدىن كېچىپ ئۆتكەن چېغىمىزدا، ئۇ ھەمىشە ئۆزى ئالدى بىلەن ئۆتۈپ، سۇنىڭ چوڭقۇر - تېيىزلىقى، ئېقىن سۈرئىتىنىڭ ئاستا - تېزلىكىنى سىناپ بېقىپ، بىخەتەر ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن بىزنى دەريادىن ئۆتكۈزەتتى.» تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى قونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىيەنىدىكى جەڭچى شياۋ ياۋ مۇنداق دېدى: لاچىن بايەكە بولغاچقا، بىز ئىنتايىن خاتىرجەم ئىدۇق.

تاغلىق رايوننىڭ كىلىماتى ئۆزگىرىشچان، بىنورمال بولۇپ، خەتەر ھە دېگەندىلا يۈزبېرىپ تۇراتتى. 2011 - يىلى قىشتا، چارلاش ئەترىتى شۇرغاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسى پى تاۋ تۇيۇقسىز قار ئۆڭكۈرىگە سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى، ئەتراپتىكى قار - مۇزلار ئۈزلۈكسىز گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئىنتايىن خەتەرلىك پەيتتە، لاچىن بايەكە تېزلىكتە قار ئۆڭكۈرىنىڭ قېشىغا ئۆمىلەپ بېرىپ، كىيىمىنى سېلىپ بىر - بىرىگە چېگىپ ئارغامچا قىلدى، ئىككى سائەت ۋاقىت ھەپىلىشىش ئارقىلىق ئاخىر پى تاۋنى تارتىپ چىقتى. پى تاۋ قۇتقۇزۇۋېلىندى، ئەمما لاچىن بايەكە توڭلىغىنىدىن ھوشىدىن كەتتى، ئۇ دوختۇرخانىغا ئاپىرىلىپ، ئۈچ سائەتتىن كۆپرەك جىددىي قۇتقۇزۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن ھاياتى ساقلاپ قېلىندى.

16 يىللىق چېگرا قوغداش ھاياتىدا، لاچىن بايەكە ئىلگىرى تىك قىيالار ئارا يول ئىزدەش سەپىرىدە، تاش تېگىپ كېتىپ، قان كۆپ ئېقىپ كەتكەنلىكتىن ھوشىدىن كەتكەن، دەريانى كېچىپ ئۆتكەندە، تاسادىپىيلىق يۈزبېرىپ، ئۆزىگە ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئاققوتازدىن ئايرىلىپ قالغان. ناھايىتى كۆپ قېتىملىق جىددىي، خەتەرلىك پەيتلەردىمۇ ئۇ ئەزەلدىن چارلاش قەدىمىنى توختىتىپ قويمىغان.

«ھەربىي فورما كىيمىگەن ‹چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسى› بولۇپ، مەڭگۈ ۋەتەننىڭ چېگرا لىنىيەسىنى ياخشى قوغدايمەن...» لاچىن بايەكە ياشلىق باھارى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن بەرگەن جاراڭلىق قەسىمىنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، شۇ جايدىكى ئامما تەرىپىدىن چېگرانى قوغداۋاتقان «پامىر بۈركۈتى» دەپ تەرىپلەندى.

## بۈركۈت كۆكتە پەرۋاز قىلدى روھى مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ

«مېنىڭ يۇرتۇم بەك گۈزەل، كۆك ئاسمان، كۆل، قارلىق تاغ، قوتاز بار، پۇرسەت بولسا سىزنى چوقۇم ئاپىرىپ كۆرسىتىمەن.» لېكىن بۇ قېتىم لاچىن بايەكە مۇساجان نۇردۇنغا بەرگەن ۋەدىسىگە «ئەمەل قىلالماي» قالدى. مۇساجان نۇردۇن بۇ ساپ تۇپراققا كەلگەندە، تاغ - دەريالار يەنىلا بۇرۇنقىدەك بولۇپ، يالغۇز لاچىن بايەكەنىڭ سىيماسىلا كەم ئىدى.

بۈركۈتنىڭ قانىتى سۇنغىنى يوق. دۇرۇس، سەممىي - ساداقەتمەنلىك بىلەن ۋەتەننى سۆيىدىغان لاچىن بايەكەنى كىشىلەر مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

«ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ مەن بەك ئازابلاندىم، لېكىن ئۇ ئادەم قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قۇربان بولدى، بۇ مېنى پەخىرلەندۈردى ۋە ئىپتىخارلاندۇردى. ئوخشاش ۋەقە يەنە بىر قېتىم يۈزبەرگەن تەقدىردىمۇ، نەتىجىسىنى ئېنىق بىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا شۇنداق قىلغان بولاتتى.» بىر ئۆمۈر قەيسەر ئۆتكەن بايەكە كەلدىبەكنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى، «بىز ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى، روھىغا ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىمىز».

«ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي مېنىڭ بالامنى قۇتقۇزدى، بۇ مېھىر - شەپقەتنى ئائىلىمىزدىكىلەر باشتىن - ئاخىر ئېسىمىزدە چىڭ ساقلايمىز.» سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بالىنىڭ دادىسى مۇنداق دېدى: «ھەر يىلى مەن بالامنى ئېلىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغان شەپقەتچىسى لاچىن بايەكەنى يوقلاشقا ئاپىرىمەن، ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىملىق ھاياتلىقنى كىمنىڭ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا قانداق ئادەم بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىمەن».

لاچىن بايەكە بىلەن كىچىكىدىن تارتىپ بىللە چوڭ بولغان چېگرا قوغدىغۇچى مەفتۇل كەنجە بۈگۈنكى كۈندە كەنتتىكى بىر يالغۇز تۇرىدىغان ياشانغان كىشىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى. لاچىن بايەكە ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تېلېفون قىلىپ، ئاشۇ ياشانغان كىشىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى سورىغانىدى.

«ئۇنىڭ كۆڭلىدە ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسى، چېگرا چارلىغۇچى جەڭچىلەر، كەنتتىكى پېشقەدەم يۇرتداشلار بار، شۇغىنىسى ئۆزىنى ناھايىتى ئاز ئويلايدۇ، ئۆزىنىڭ ئۆيىنىمۇ نەچچە يىلدىن بۇيان بېزەپ بولالمىدى.» مەفتۇل كەنجە گەپ قىلغاچ يۈزىنى تۇسۇۋالدى، «مەن ئۇنىڭغا قايىل، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەم بولىمەن».

دادىسى بايەكە كەلدىبەككە ئوخشاش، لاچىن بايەكەمۇ ئىلگىرى كۆپ قېتىم ئوغلى لادىر لاچىننى ئېلىپ دۆلەت دەرۋازىسى ۋە چېگرا قوغداش بىرىنچى سېپىگە بارغان. گەرچە يېشى كىچىك بولسىمۇ، ئۇزاق ۋاقىت ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئارقىلىق، بۇ بالا جەمەتنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن چېگرانى قوغداش ئېتىقادىغا ۋارىسلىق قىلدى. «دادام قەھرىمان، مېنىڭ ئۈلگەم.» لادىر لاچىننىڭ كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى، ئۇزۇن كىرپىكلىرىگە ياش تامچىلىرى ئېسىلغانىدى، «چوڭ بولغاندىن كېيىن مەنمۇ قىسىمغا بېرىپ چېنىقىمەن، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەندىن كېيىن چېگرا قوغدىغۇچى بولىمەن!»

ۋاقىت ئىستىرېلكىسىنى قەھرىماننى ئۇزاتقان ئاشۇ كۈندىكى سەھەرگە قايتۇرساق، تىزناپ كەنتى قاتتىق ياغقان قار بىلەن قاپلانغانىدى. كىشىلەر سۈكۈتتە تۇرۇپ، ئۇنى ئويلىدى، ئەسلىدى، ئۇنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلىدى.

قارلىق تاغ چوققىسىدا بۈركۈت پەرۋاز قىلماقتا.

قەھرىمان يىراقتا كەتمىدى، لاچىن بايەكە تاغ - دەريالارنى ئىزچىل قوغداۋاتىدۇ.